## خىتاي ئۇيغۇر ئېلىدىكى بالىلارنى ئائىلىسىدىن ئايرىۋەتتى

### *خىتاينىڭ ھۆكۈمەت قۇرغان دارىلتاملىرىدىكى بالىلارنى ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىغا قايتۇرۇش چاقىرىقى*

(نيۇ يورك ، 2019-يىلى 16-سىنتەبىر) — كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى :« خىتاي دائىرىلىرى < بالىلار پاراۋانلىق ئورۇنلىرى> ۋە ياتاقلىق مەكتەپلەردە تۇرۇۋاتقان بالىلارنى دەرھال ئائىلىسىگە قايتۇرۇشى كېرەك. ھۆكۈمەت ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مۇسۇلمان بالىلارنى ئائىلىسىدىن ئايرىشنى توختىتىشى كېرەك.» دېدى.

2017-يىلىدىن ئېتىبارەن ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «زوراۋانلىق ۋە تېرورلۇققا قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى» دە ئۇيغۇر ئېلىدىن 1 مىليونچە تۈركىي مۇسۇلمانلارنى قارىسىغا تۇتۇپ ، ئۇلارنى قانۇنسىز سىياسىي ئۆگىنىش لاگېرلىرىغان قامىغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى ۋە تۈرمىدىكىلەرنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس. خىتاي ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئاتا-ئانىسى تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ياكى مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان نۇرغۇن بالىلارنى ئاتا-ئانىسىنىڭ ماقۇللىقى ياكى رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ ، ئۇلارنى ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى بالىلار پاراۋانلىق ئورۇنلىرى ياكى ياتاقلىق مەكتەپلەرگە ئورۇنلاشتۇرغان.

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ دېرىكتورى سوفى رىچاردسون مۇنداق دېدى: « بالىلارنى مەجبۇرى ئايرىۋېتىش بەلكىم خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئەڭ ئەشەددىي باستۇرۇشىدۇر. ئۇ بالىلار خىتايدىكى يېقىن ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىنىڭ ھامىيسىگە تاپشۇرۇلۇشى ياكى ئۇلارنىڭ چەتئەلگە چىقىپ ئاتا-ئانىسى بىلەن جەم بولۇشىغا رۇخسەت قىلىنىشى كېرەك.»

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ئۇيغۇر دىيارىدىن ئايرىلىپ ، چەتئەلدە ياشاۋاتقان بەش ئائىلىنى زىيارەت قىلدى. بۇ بەش ئائىلە بالىلىرى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسىنىڭ يوقلىقىنى تەسۋىرلىدى. بەزىلىرى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپلا ، باللىرىنى ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى دارىلتاملارغا ئورۇنلاشتۇرغانلىقىدىن خەۋەردار بولسا ، بەزىلىرى ئۆز باللىرىنىڭمۇ ئوخشاش ئەھۋالدا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ.

ئابدۇراخمان توختى ، تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر. ئۇ 2016-يىلى ئاۋغۇستتا ئايالى تۇتۇلغاندىن كېيىن ، ھازىر 4 ياشقا كىرگەن ئوغلى ۋە 3 ياشقا كىرگەن قىزى بىلەن پەقەتلا ئالاقە قىلالمىغان. بۇيىل يانۋاردا ، ئۇ توردىكى بىر ۋىدىئودىن ئوغلىنىڭ مەكتەپتە سوئاللارغا خىتايچە جاۋاب بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. ئابدۇراخمان: «مەن باللىرىمنى ، ئايالىمنى بەكلا سېغىندىم. مەن ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىشىنى بەك ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر ھاياتىمدا باللىرىمنى يەنە كۆرەلىسەم ، ئۇلارنىڭ مېنى تونۇماسلىقىدىن ، ئۇلارنىڭ خىتايلىشىپ ، مېنى ئۆزىگە دۈشمەن كۆرۈشىدىن بەكلا قورقىمەن.» دېدى.

ئۇيغۇر ئېلىدە ھامىيسىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي ھالدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بالىلار پارارۋانلىق ئورنى ياكى ياتاقلىق مەكتەپلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بالىلارنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس. بۇ رايوندىكى ھۆكۈمەت كونتروللۇقى ۋە نازارىتى ، شۇنداقلا بۇ ئەھۋاللارنى ئاشكارىلىغان ياكى چەتئەلدە تونۇش-بىلىشلىرى بارلارغا قاراتقان ئېغىر جازالار تۈپەيلى بۇ ئەھۋاللارنى ئېنچكىرىلەپ خەۋەر قىلىش قىيىنغا توختايدۇ. خىتاي سىرتىدا ياشاۋاتقان نۇرغۇن تۈركىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى تولۇق ئۈزۈلگەن. شىنجاڭ زىيانلانغۇچىلار ساندانى(شاھىد بىز تورى) ئۇيغۇر دىيارىدىكى 100 دىن ئارتۇق بالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 5000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئۈچۈرىنى يىغقان بولۇپ ، ئۇلار تۈرمىگە قامالغان ، سىياسىي تەربىيە لاگېرلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ياكى ئەركىن يۈرۈش-تۇرۇشى چەكلەنگەنلەردۇر.

ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە بالىلارنى ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى دارىلتاملارغا ئەۋەتىشى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ھۆججەتلەردە كىملەرنىڭ رۇخسىتىنىڭ كېرەكلىكى ، قايسى ھۆكۈمەت ئورگىنىنىڭ دارىلتامغا ئەۋەتىش قارارىنى بېرىدىغانلىقى ياكى قارار ماقۇللاشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى بار-يوقلۇقى ۋە قارارغا قارشى تۈرغىلى بولىدىغان بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچقاندا ئۇچۇر بېرىلمىگەن. كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىشى تەشكىلاتى بۇرۇن خەۋەر قىلغىنىدەك ، قىسمەن جايلار يۇقىرىنىڭ قانچىلىك يېتىملارنى تۈزۈملەشتۈرۈش توغرىلىق ئېنىق مەلۇماتلانى تاپشۇرۇپ ئالغان.

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى بالىلارنى ئۇ ئورۇنلارغا رۇخسەتسىز ۋە قانۇنسىز يۆتكەشتىن باشقا يەنە شۇ ئورۇنلاردا بالىلارنىڭ ئەڭ ئاساسى ھوقۇقى ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يەكلەشلەتەك قىلمىشلىرىدىنمۇ ناھايىتى ئەنسىرەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خىتاينىڭ دۆلەت تاراتقۇسى ۋە ھۆكۈمەت تور بەتلىرىدە قويغان بالىلارنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى ياتاقلىق مەكتەپلەردە خىتايچە ئۆگىنىشى ، تەشۋىق ناخشىلىرىنى ئېيتىپ ، ئۇسۇل ئوينىغانلىقىدەك كۆرۈنۈشلەر شۇ بالىلارنىڭ ئۆز تىلىنى ئۆگىنىش ھوقۇقى ئۈستىدە كىشىلەرنى ئەندىشىگە سالىدۇ. ھۆكۈمەت تەشۋىقاتلىرى بالىلارنىڭ ياتاقلىق دارىلتاملاردا ياشىشىنى ، «ئەشەددىي ئىدىيە» نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي ، تېخىمۇ ياخشى كىشىلىك تازىلىق ۋە ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق دەپ تەشۋىق قىلدى.

ئۇيغۇر دىيارىنى 2018-ۋە 2019-يىلى زىيارەت قىلغان چەتئەل مۇخبىرلىرى بۇخىل مەكتەپلەرنى زىيارەت قىلىشقا ياكى رەسىمگە تارتىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان. شۇ مەكتەپلەردىكى سىم توساقلار ، قاشالار ۋە كۆزىتىش كامېرالىرى بالىلارنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىنىڭ خەۋپسىزلىكى ئۈچۈندەك كۆرۈنىدۇ.

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ، مۇستەقىل تەتقىقاتچىلار ۋە خەلقئارادىكى ئاخبارات ئورگانلىرى خەۋەر قىلغىنىدەك ، نۇرغۇن ئەھۋاللار شۇنى كۆرسىتىدۇكى ، ئۇيغۇر دىيارىدىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى «قاتتىق زەربە بېرىشى ھەرىكىتى» نى يولغا قويغاندىن باشلاپ ، بالىلار پاراۋانلىق ئورۇنلىرى ۋە ياتاقلىق مەكتەپلەرگە نۇرغۇن مەبلەغ سالغان. ئاتا-ئانىلىرى تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىدىكى بالىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تۈزۈملەشتۈرۈش توغرىلىق نۇرغۇن كۆرسەتمىلەر ئوتتۇرغا چىققان ، مەسىلەن

باللار پاراۋانلىق ئورۇنلىرى  ۋە ياتاقلىق مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى ، بۇ ئورۇنلارنى سىلىش ئۈچۈن چىقىرىلغان سېتىۋېلىش ئۆتكۈزۈشلىرى قاتارلىقلار بار.

يېقىنقى تەتقىقاتلارغا قارىغاندا ، ھۆكۈمەت ستاتىستىكىسى ئۆتكەن ئۈچ يىلدا ئوخشاشلا مائارىپ سىلىنمىسى ، يەسلىگە كىرىش نىسبىتى ۋە  مەكتەپ كۆلىمىنىڭ ناھايىتى تېزلا ئاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.  خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىغا ئاساسەن ، ھۆكۈمەتلەرنىڭ مائارىپنى ياخشىلاش مەجبۇرىيىتى بولسىمۇ ، بۇ باللارنى ئائىلىسىدىن مەجبۇري ئايرىۋېتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

ختاينىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنىنىڭ 43- ماددىسىدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى پاراۋانلىق ئورۇنلىرىنىڭ يېتىم- يېسىرلار ، ئاتا- ئانىسى ياكى ۋەسىلىرى يوق باللار ياكى باشقا پەرۋىشسىز قالغان باللارغا قاراش مەجبۇرىيىتى بار دەپ كۆرسىتىلگەن.  لېكىن ختاي قانۇنىدا ھۆكۈمەتكە باللارنى ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرىدىن ئايرىپ ، ئۇلارنى ھۆكۈمەتنىڭ بېقىشىغا تاپشۇرۇش ھوقۇقى بېرىلمىگەن ياكى شۇنداق قىلىشنىڭ ھېچقانداق قانۇنى رەسمىيەتلىرى كۆرسىتىلمىگەن.

ختاي ھۆكۈمىتى ئىمزا قويغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باللار ھوقۇقى ئەھدىنامىسىدا ئائىلىنى باللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە پاراۋانلىقىنىڭ تەبىئىي مۇھىتى دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ ئەھدىنامەدە «ۋەسىلىرى سوت تەكشۈرۈشىدە بولسا ، باللارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۇلارنى ئايرىۋېتىش مۇناسىۋەتلىك قانۇن ۋە تەرتىپلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ» دېگەندىن باشقا ئەھۋاللاردا ، ھۆكۈمەتنىڭ باللارنى ئۆز خاھىشىسىز ئاتا- ئانىلىرىدىن ئايرىلماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش مەجبۇرىيىتى بار دەپ تەكىتلىگەن.  ئاتا- ئانىلىرى باللىرىنى خورلىغان ياكى ئۇلارغا بىپەرۋالىق قىلغان ئەھۋالدىلا بەلكىم باللارنى ئاتا- ئانىلىرىدىن ئايرىۋېتىش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلىدۇ.

باشقىچە ئورۇنلاشتۇرۇش زۆرۈر بولغان ئەھۋالدىمۇ ، يېقىن ئائىلە تاۋابەتلىرى ئالدىن ئويلىشىلىشى كېرەك.  باللىنى ئۆز ئائىلىسىنىڭ پەرۋىشىدىن ئايرىۋېتىش ئىلاجى بار ۋاقىتلىق ۋە قىسقا مۇددەتلىك بولۇشى ، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى تاللاش بولۇشى كېرەك.  ھۆكۈمەت يەنە ئۆز پىكرىنى ئىپادىيەلەيدىغان باللارغا ئۆزلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھەممە ئىشتا ئۆز پىكرىنى بىمالال ئىپادىلەيدىغان ھوقۇقنى بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. باللارنىڭ يېشى ۋە بالاغەتكە يەتكىنىگە قاراپ ، ئۇلارنىڭ پىكرىگە ئېتىبار بېرىش كېرەك.

پىرىنسىپ جەھەتتىن ، باشقىچە پەرۋىشكە مۇناسىۋەتلىك بارلىق قارارلار باللارنىڭ خاھىشى ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ چوڭ بولغان مۇھىتىغا ئامال بار ئەڭ يېقىن بولۇشى ، قولايلىق ئالاقە ۋە باللىنىڭ ئائىلىسى بىلەن جەمىيەتكە قايتىش مۇمكىنچىلىكىنى تولۇق ئويلىششى ، شۇنداقلا باللىنىڭ مائارىپ ، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىغا ئەڭ ئاز تەسىر قىلغان ئاساستا بولۇشى كېرەك.

باللار ھوقۇقى ئەھدىنامىسى باللارنىڭ ياكى ئۇلارنىڭ ئاتا- ئانىسىنىڭ بىر دۆلەتكە كىرىش ياكى چىقىش ئىلتىماسىنىڭ ئىجابى ، ئىنسانپەرۋەر ۋە ئەڭ تېز شەكىلدە بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.  بۇ تەلەپلەر ئىلتىماس قىلغۇچىغا ، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا ھېچقانداق يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەسلىكى كېرەك.  باللار ھوقۇقى ئەھدىنامىسى بويىچە ئاتا- ئانىلىرى باشقا دۆلەتلەردە تۇرۇۋاتقان باللار ئاتا- ئانىسى ھەر ئىككىسى بىلەن شەخسى مۇاسىۋىتىنى ساقلاش ۋە ئۇلار بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

بۇ ئەھدىنامە يەنە باللارنىڭ مىللى ، دىنى ياكى ئازسانلىق كىشىلەر سۆزلەيدىغان تىلنى ئىشلىتىشى ھوقۇقىنى  ئىنكار قىلىنماي ، ئۆز مەدەنىيىتىدىن ھوزۇرلىنىشنى ۋە ئۆز دىنى ۋە تىلىنى ئىشلىتىشىنى قوغدايدۇ.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى بويىچە ئالى كومىسسارى ، 25 دۆلەت ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ختاي ھۆكۈمىتىنى مۇستەقىل تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ ئۇيغۇر دىيارىغا چەكلىمىسىز كىرىپ ، ئۇ يەردىكى دەپسەندىچىلىكنىڭ كۆلىمى ۋە دەرىجىسىنى باھالاشقا يول قويۇشقا چاقىردى.  ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى قاتارلىق تەشكىلاتلارمۇ چوقۇم بۇنداق زىيارەتنى قوللىشى كېرەك.

رىچاردسون يەنە مۇنداق دېدى: «ھۆكۈمەتلەر ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى باستۇرۇشلىرىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئائىلىلەرگە كەلتۈرگەن بۇ چىدىغۇسىز ئازابلارغا قارشى سۆزلىشى كېرەك. ئۇلار ئائىلىدىكىلەرنىڭ جەم بولۇشىنىڭ ئاساسلىق كىشىلىك ھوقۇقلاردىن بىرسى ئىكەنلىكىنى ختايغا ئېنىق بىلدۈرىشى كېرەك.»

**پەرزەنتلىرى بىلەن ئالاقىلىشالمايۋاتقان ئاتا- ئانىلارنىڭ كىملىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن، تۆۋەنگە قاراڭ:**

**كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ ختاي ۋە تىبەت توغرىسىدىكى خەۋەرلىرى ئۈچۈن، بۇ تور بەتنى كۆرۈڭ:**
https://www.hrw.org/asia/china-and-tibet

**كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ ئۇيغۇر دىيارى توغرىسىدىكى خەۋەرلىرى ئۈچۈن، بۇ تور بەتنى كۆرۈڭ:**
https://www.hrw.org/tag/xinjiang

**ئۇيغۇر دىيارىدىكى پەرزەنتلىرى بىلەن ئالاقىلىشالمايۋاتقان ئاتا- ئانىلار:**

دىلنۇر ، ئەسلى يۇرتى قەشقەر ، ھازىر كانادادا تۇرۇۋاتقان بولۇپ ، 2017- يىلى ئاپرېلدىن ئېتىبارەن ھازىر 8 ياشقا كىرگەن قىزى ۋە 6 ياشلىق ئوغلى بىلەن ھېچقانداق ئالاقە قىلالمىغان. ئۆز ۋاقتىدا تۇل قالغان دىلنۇر 2016- يىلى 5- ئايدا يۇرتىدا خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش باشلىنىشتىن بۇرۇن ، پەقەت چوڭ قىزىنى بىللە ئېلىپ ، ئۇيغۇر دىيارىدىن ئايرىلىپ تۈركىيەگە ئوقۇشقا كەلگەن. دىلنۇر ئوغلى ۋە سالامەتلىكى ئانچە ياخشى ئەمەس كىچىك قىزىغا پاسپورت ئالالماي ، ئۇ ئىككى پەرزەنتىنى بوۋا-مومىسىغا تاپشۇرغان.

ئاتا- ئانىسى ۋە بىر قوساق قېرىندىشىنىڭ ئائىلىسى بىلەن ئالاقىلىشالمايۋاتقان دىلنۇر ، ئۇلارنى سىياسى تەربىيەلەش لاگېرىدا دەپ گۇمانلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى نۇرغۇن تونۇش- بىلىشلىرى دىلنۇرنى ئىجتىمائى تاراتقۇلاردىن يۇيۇۋەتكەن ، ياكى ئۇنىڭ قوشۇۋېلىشى ئىلتىماسىنى رەت قىلغان. ئۇ خىتاينىڭ باشقا يەرلىرىدە تۇرۇۋاتقان دوستلىرىدىن ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇرۇق- تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقىلىششىنى سورىغان بولسىمۇ ، لېكىن ھېچقانداق پايدىسى بولمىغان. نەتىجىدە ئۇ بالىلىرىنىڭ ئىز دېرىكىنى قىلدىغان بىرمۇ تونۇشىنىڭ قالمىغانلىقىنى بايان قىلدى.

«مەن نائىلاج بالىلىرىم چىقىپ قالامدىكىن دېگەن ئۈمۈدتە ، ھەر قېتىم دوۋيىن (خىتاينىڭ بىر ۋىدىيو ئەپى) دا بىر يېڭى تەشۋىقات فىلمى چىقسا ، بالىلىرىمنى شۇ ۋىدىيولاردىن ئىزدەيمەن. لېكىن مەن ئۇلارنى تاپالمىدىم. مەن كوچىدا بالىلىرىم بىلەن تەڭ بىرەر بالىنى كۆرۈپ قالساملا يىغلاپ كېتىمەن. تولا يىغلاپ ، كۆزلىرىم بەك ئاغرىيدىغان بولۇپ كەتتى.»

مەمەتراسۇل خاسان ، قەشقەردىن كېلىپ قىرغىزىستاندا تۇرۇۋاتقان قىرغىز بولۇپ ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئايالىنى سىياسى ئۆگىنىش لاگېرىغا ئېلىپ كەتكەندىن بۇيان ، 2017- يىلى مارتتىن ئېتىبارەت ھازىر 14 ياشقا كىرگەن قوشكېزەك ئوغۇللىرى بىلەن ھېچقانداق ئالاقە قىلالمىغان. مەمەتراسۇل بالىلىرىنىڭ ئىز دېرىكىنى قىلىشقا ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇرۇغ- تۇغقانلىرى بىلەن پەقەتلا ئالاقە قىلالمىغان.

«مەن بالىلىرىمنى بەكلا سېغىندىم. مەن ئۇلارنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيمەن. مېنىڭ ھەممە تۇغقىنىم تۇتۇلدى. مېنىڭ بالىلىرىمنى ئىز-دېرىكىنى قىلىدىغانغا ھېچكىم يوق. مەن خىتاي ھۆكۈمىتىگە 50 پارچە خەت يازدىم. مەن ئۇ خەتلەرنى بىشكەكتىكى خىتاي ئەلچىخانىسىغا ئېلىپ باردىم. مەن خىتاي ھۆكۈمىتىدىن بالىلىرىمنى ، قېرىندىشىمنىڭ بالىلىرىنى قويۇپ بېرىشنى ، ئۇلارنىڭ قىرغىزىستانغا كېلىپ ، ئۆزىنىڭ ئانا تۇپرىقىدا ياشىشىغا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدىم.»

مەمەتراسۇلنىڭ ئانىسى **خالىماخان ئاقۇنجانقىزىنىڭ** بالاغەتكە يەتكەن 5 پەرزەنتى بولۇپ ، ئۇلاردىن ئۈچى سىياسى ئۆگىنىش لاگېرىغا قامالغان. ئۇ باشقا ئىككى پەرزەنتىنىڭ ۋە 16 نەۋرىسىدىن ھېچبىرىنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيدۇ.

«مەن 16 نەۋرەمنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيمەن. ھەممە ئادەم يوقاپ كەتتى. مەن ئۇلارنى بەك سېغىندىم. مەن بەك كۆپ چۈش كۆرىمەن. چۈشۈمدە ھەممە نەۋرەم بىللە قىرغىزىستانغا كېلىپ بىز بىلەن جەم بولىدۇ.»

**ماھمۇتجان** تۇرپانلىق ئۇيغۇر بولۇپ ، 2016- يىلى ئائىلىسىدىكىلەر پاسپورت ئالالمىغاچقا تۈركىيەگە يالغۇز كەلگەن. 2016- يىلى ئۆكتەبىردە ئۇنىڭ ئايالى ۋە چوڭ بالىسى تۈركىيەگە ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەن. ماھمۇتجاننىڭ ئىككىنچى پەرزەنتى ، ھازىر 7 ياشقا كىرگەن قىزى ئۆزىنىڭ ياكى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ رۇخسىتىسىز 2018- يىلى سېنتەبىردىن 2019- يىلى ئىيۇنغىچە ياتاقلىق ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. شۇ مەزگىلدە قىزى ئاغرىپ قالغاندا ماھمۇتجاننىڭ قېرىندىشىنىڭ ئۆيىگە ۋاقىتلىق قايتۇرۇلغان. لېكىن ماھمۇتجان ئىيۇلدىن ئېتىبارەن قىزىنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىغان.

«ئىككىنچى قىزىم بالىلار لاگېرىدىن چىققاندا بەكلا ئورۇقلاپ كېتىپتۇ ، قارىماققا كېسەل ئىدى. ئۇلار قىزىمغا ياخشى قارىمىدى. شۇ رەسىملەرنى كۆرۈش مەن ئۈچۈن بەك ئازاپلىق. ئۇ لاگېرغا ئېلىپ كېتىلىپ بىر نەچچە ئايدىن كېيىن پۈتىنىڭ بارمىقى ياللۇغلانغانلىقى سەۋەبلىك ، قېرىندىشىمنىڭ ئۆيىگە قايتۇرۇلغان. قېرىندىشىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنى دوختۇرغا كۆرسىتىپ ، قىزىم خېلى ياخشى بولۇپ قالغان. ئاندىن ھۆكۈمەت يەنە ئۇنى ئېلىپ كەتتى.»

ماھمۇتجان ئايالىدىن ئاجراشقانلىقىنىڭ تەسىرىنى مۇنداق تەسۋىرلىدى:

«ئايالىم ئېغىر غەمدە. ئۇ بەزىدە چوڭ قىزىمىزنى كىچىك قىزىمىزنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىدۇ. ئايالىمنىڭ پسىخولوگىيىسى بۇزۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئۇلارنى بەك كۆپ چۈشەيدۇ. مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم قىزلىرىمىزنى بولۇپمۇ كىچىك قىزىمىزنى يېنىمىزغا ئېلىپ كېلىپ بىللە ياشاش. ئايالىم تۇگىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس.

**ئابدۇل ئەزىز** تۈركىيەدە تۇرۇۋاتقان خوتەنلىك بولۇپ ، ئايالى سىياسى ئۆگىنىش لاگېرىغا قامالغاندىن كېيىن 2017- يىلى ئىيۇلدىن ئېتىبارەن ھازىر 13 ، 6 ، 5 ۋە 2 ياشقا كىرگەن تۆت پەرزەنتى بىلەن ھېچقانداق ئالاقە قىلالمىغان. ئابدۇل چوڭ قىزىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى بوۋا-مومىسى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ ، باشقا ئۈچ پەرزەنتىنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيدۇ. ئابدۇلنىڭ دادىسى تۈگەپ كەتكەن بولۇپ ، ئاپىسى ئىستانبۇلدا ياشايدۇ. ئۇ ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئىككى قېرىندىشىنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇ تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق پەرزەنتلىرى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ نەدىلىكىنى بىلىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ ، ھېچ نەتىجىسى بولمىغان.

«بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى بىللە ۋاقتىمىزدا بەك خۇشال ئىدۇق. مەن بالىلىرىمنى ئەڭ بولمىغاندا ھەپتىدە بىر قېتىم كۆرەلەيتتىم. ئۇلار مېنى بەك ياخشى كۆرەتتى. مەن ھەر كۈنى ئۆيگە قايتقىنىمدا ئۇلار يۇگۇرۇپ كېلىپ مېنى قۇچاقلايتتى. ئۇلار ھازىر نەدە؟ ئۇلار ھاياتمۇ؟ ئۇلار ئاغرىقمۇ؟ ھاياتىمدا ئۈمۈد قىلىدىغان بىردىنبىر ئىش ئايالىمنى ۋە بالىلىرىمنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈش.»